مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# شېن جەندۇڭ:
# غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان خەلق ئالاھىدە ساقچىسى



شېن جەندۇڭنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان چاغدىكى ماتېرىيال سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ تېلېگراممىسى (مۇخبىر جەي جو) بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، جېڭجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئالاھىدە چارلاش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتى ئالاھىدە ساقچى 4 ـ چوڭ ئەترەتتىكى يولداشلار شېن جەندۇڭنىڭ كېتىپ قالغانلىقىدەك پاكىتنى ھېلىھەم قوبۇل قىلالمايدۇ. «28 ياش، دەل بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل چاغ. ئۇ ھاياتىنى كەسپىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىزدىن مۇشۇنداقلا مەڭگۈلۈك ئايرىلدى.» شېن جەندۇڭ تىلغا ئېلىنسا، 4 ـ چوڭ ئەترەتتىكى يولداشلارنىڭ ئالىي ئېھتىراملىق نەزەرىدە ھۆرمەت ۋە سېغىنىشى تولۇق ئەكس ئېتەتتى.

شېن جەندۇڭ 1982 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۇغۇلغان، 2005 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 3 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى ئۇنۋانىغا ئىگە ئىدى. 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچتە، بىر كۈنلۈك شىنجاڭغا بېرىپ مۇقىملىقنى قوغداش بويىچە چارلاش ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، شېن جەندۇڭ زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئىش ئورنىدا ھوشىدىن كېتىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە قۇربان بولدى، شۇ يىلى ئەمدىلا 28 ياشتا ئىدى.

غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرۇش شېن جەندۇڭنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى. بەنجاڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن، شېن جەندۇڭنىڭ ئەڭ كۆپ قىلىدىغان ئىككى ئېغىز سۆزى «ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار» «ماڭا قاراڭلار» ئىدى. مەيلى كۈندىلىك ئۆگىنىش، مەشىقتە بولسۇن ياكى تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداشتا بولسۇن، شېن جەندۇڭ باشتىن ـ ئاخىر ئۆزى ئۈلگە بولاتتى، چىن مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن سەپداشلىرىغا كۆيۈنەتتى، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈلگە بولاتتى، ئۈلگە كۆرسىتەتتى.

2007 ـ يىلى، شېن جەندۇڭ بەنجاڭ بولغان مەزگىلدە، بەندىكى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەمدىلا قوبۇل قىلىنغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ساقچىلىق ماھارىتى ئاساسى ئاجىز ئىدى، كۆپىنچىسى راست قورال، راست ئوقنى كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. شېن جەندۇڭ ھەربىر ئەترەت ئەزاسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، سۆز ـ ھەرىكەتتە ئۈلگە بولۇپ، كېسەلگە قاراپ دورا بەرگەن. ھەر قېتىملىق ئوقۇتۇشتا، ئۇ ھەربىر ھەرىكەتنى بىر ـ بىرلەپ قاتتىق تۇتۇپ، ئىنچىكە مەشىق قىلدۇرغان. شېن جەندۇڭنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىشى ئارقىلىق، ئۇ تۇرۇشلۇق بەن ئەڭ ئاخىردا ئەترەت ئىچىدە يىل ئاخىرىدىكى باھالاشتا ئىككىنچى بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن.

2008 ـ يىلى يېڭى يىلنىڭ 1 ـ كۈنى، مەلۇم جايدا نۇرغۇن بالىنى ئالداپ سېتىش دېلوسى يۈزبەرگەن. سەككىز بالىنىڭ جىنايەت گۇماندارى تەرىپىدىن جېڭجوۋ شەھىرىدىكى مەلۇم ئولتۇراق رايونغا تۇتۇپ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، جېڭجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شېن جەندۇڭ تۇرۇشلۇق بەن گۇرۇپپىنى تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. نەق مەيدانغا بېرىش يولىدا، ئاپتوموبىل ئىچىنى جىددىي كەيپىيات قاپلىغان. ياش سەپداشلىرىنىڭ ئەنسىزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، شېن جەندۇڭ: «جىددىيلەشىشتىن ساقلىنىش قىيىن، سىلەر ماڭا ئەگىشىپ ماڭساڭلارلا بولىدۇ!» دېگەن. ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوراللىق جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقان.

باشقا بەستىلىك ئالاھىدە ساقچى ئەترەت ئەزالىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئورۇق، ۋىجىك شېن جەندۇڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئانچە كۆزگە چېلىقمايتتى، لېكىن ئۇ نامى چىققان «جان پىدالىق كۆرسىتىدىغان يىگىت» ئىدى. مەشىقتە شېن جەندۇڭ جاپاغا چىدايتتى، كالالا ئىشلىتىشكە ماھىر ئىدى، بېرىلىپ ئۆگىنەتتى، ئېلىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ماھىر ئىدى. ئۇ جېڭجوۋ ئالاھىدە چارلاش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتىدىكى تولۇق ماھارەتلىك بەش ئەترەت ئەزاسىنىڭ بىرى بولۇپ، مەشىق، مۇسابىقىلەردە كۆپ قېتىم 1 ـ لىكنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا باشتىن ـ ئاخىر يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدىغان بىر خىل غەيرەت بار ئىدى — قارىغا ئېتىش ماھارىتىنى پىششىق ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۇ ئاپتوماتىك مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇلىغا بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاياقنى باغلاپ، ئۇنىڭغا ئۈچ كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى خىش ئېسىپ، توختىماي بىر سائەت مەشىق قىلاتتى.

ساقچى بولغان تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، شېن جەندۇڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالاھىدە تۇرۇش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، بەنجاڭ بولغان، سىچۈەن ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە تۈرلۈك تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ۋەقەلەردىن يۈز نەچچە قېتىملىقنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىگە قاتناشقان. ئۇ ئۇدا ئۈچ يىل «مۇنەۋۋەر مەمۇر» بولۇپ باھالانغان، چىڭخەيدىكى زاڭزۇلار رايونىغا بېرىپ مۇقىملىقنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا خېنەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ بىر قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن، سىچۈەن ۋېنچۈەنگە بېرىپ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا شەرەپ بىلەن شەخسي 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

شېن جەندۇڭنىڭ بىر قۇم جىلتىكىسى بار بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ چىداملىقنى مەشىق قىلىشىدىكى «ئەڭگۈشتەر»ى ئىدى. شېن جەندۇڭ ئىلگىرى چاقچاق قىلىپ، كەلگۈسىدە بالام بولسا، بۇ جىلتىكىنى بالامغا قۇرامىغا يەتكەنلىك سوۋغىتى قىلىپ بېرىپ، ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئەينى يىللاردا باشتىن كەچۈرگەن جاپالىرىمنى كۆرسىتىمەن، دېگەن. لېكىن ئۇ ئاخىردا بۇ كۈننىڭ كېلىشىنى ساقلىيالمىدى. خىزمەت ۋەزىپىسى ئېغىر بولغاچقا، ئائىلىنىڭ بارلىق ئېغىر يۈكى خوتۇنىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى، بۇنىڭدىن شېن جەندۇڭ باشتىن ـ ئاخىر خىجىللىق ھېس قىلاتتى. ئۇ ئىلگىرى خوتۇنىغا چوڭقۇر مۇھەببەتلىك سالام خەت يازغان بولسىمۇ، لېكىن قۇربان بولغۇچە بۇ خەتنى ئەۋەتەلمىگەن.

# لى شيۇفاڭ: روھى خۇاڭخې دەرياسىغا باغلانغان
# «چىراغ كۆتۈرۈۋالغان بۈيۈك ئايال»



لى شيۇفاڭنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى چىڭخۇا) ئۇ ئۆمۈر بويى توي قىلمىغان، پەرزەنتىمۇ يوق، ئەمما ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان سانسىزلىغان كىشى يېقىملىق قىلىپ، ئۇنى «ئاپا» دەپ ئاتايدۇ… ھازىر، ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى — ئازادلىق ئارمىيە بىرلەشمە ئارقا سەپ كاپالىتى قىسمى 940 ـ دوختۇرخانىسى داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ۋۇخەنگە ياردەمگە بېرىپ، ئۇنىڭ روھىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى.

ئۇ دەل لى شيۇفاڭ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىلمىي پەرۋىش ئىشلىرىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئارمىيەمىزدىكى تۇنجى نىڭتىڭگال مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى.

لى شيۇفاڭ خۇنەن شياڭتەندىن، 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ پەرۋىش ئىشلىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئارمىيە ۋە يەرلىك ئۈچۈن 5000دىن ئارتۇق پەرۋىش ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەپ بەرگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نىڭتىڭگال مۇكاپاتى، «خەلقئارا مېدىتسىنا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتى» قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئۇنىڭغا «پارتىيەنى سۆيۈپ خەلققە خىزمەت قىلىشتىكى ئۈلگىلىك پەرۋىش مۇتەخەسسىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەرگەن.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، لى شيۇفاڭ ۋە ئۇنىڭ ساۋاقدىشى جاڭ كەيشيۇ ئىجادىيلىق بىلەن «ئۈچ دەرىجىلىك پەرۋىش» نەزەرىيەسى(كېسەل ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاغرىقنى خەۋپلىك ئېغىر ئاغرىق، ئېغىر ئاغرىق، يېنىك ئاغرىق دەپ ئۈچ پەرۋىش دەرىجىسىگە ئايرىش)نى، «ئۈچنى تەكشۈرۈش، يەتتىنى سېلىشتۇرۇش» پەرۋىش تۈزۈمى (دورا بېرىش، ئوكۇل سېلىش، داۋالاشتىن ئىلگىرىكى، ئارىلىقتىكى، كېيىنكى تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرنى بىر قېتىم سېلىشتۇرۇش، كارىۋات نومۇرى، ئىسىم ـ فامىلىسى، دورا، مىقدارى، قويۇقلۇقى، ۋاقتى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى سېلىشتۇرۇش)نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېلىمىزدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ پەرۋىشنى تەرتىپلىك يېتەكلەپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئىلمىي پەرۋىشىگە ئاساس سالغان.

ئاغرىققا بىر تىنچ ئارام ئېلىش، دەم ئېلىپ داۋالىنىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار يەنە پەرۋىش خادىملىرىنىڭ تىل، ھەرىكەتتە ئاغرىققا يامان خاراكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلىپ قويۇشىغا يول قويماسلىقتەك «قوغداش خاراكتېرلىك داۋالاش تۈزۈمى» تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنە «يەڭگىل مېڭىڭ، پەس ئاۋازدا گەپ قىلىڭ، ئىشىكنى ئاستا يېپىڭ، ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئاۋايلاپ ئىشلىتىڭ» دېگەن تاختىنى دوختۇرخانىنىڭ ئايىغى كارىدورىغا ئېسىپ قويغان…

1997 ـ يىلى، لى شيۇفاڭ 36 ـ نۆۋەتلىك «فلورېنس نىڭتىڭگال مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ، جۇڭگو ئارمىيەسىنىڭ بۇ شەرەپكە ئېرىشكەن بىرىنچى داۋالاش خادىمى بولۇپ قالغان.

ئۆزى يالغۇز ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا 66 يىل خىزمەت قىلغان لى شيۇفاڭنىڭ 68 قېرىندىشى چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان. 1981 ـ يىلى لى شيۇفاڭ ئامېرىكىغا تۇغقان يوقلىغىلى بارغاندا، 80 نەچچە ياشقا كىرگەن ئۆگەي ئاپىسى ئۇنىڭغا ئامېرىكىدا قېلىپ كېيىنكى ئۆمرۈڭنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگىن، دەپ تەلەپ قىلغاندا، ئۇ قەرەلىدە لەنجوۋغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ: «مېنىڭ ئىشلىرىم ۋەتىنىمدە» دېگەن.

لى شيۇفاڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى جەسەت كۈلىنىڭ بىر قىسمىنى بوتۇلكىغا قاچىلاپ تەيۋەنگە ئاپىرىپ، دادىسى لى لىجېننىڭ يېنىغا كۆمگەن. قالغان جەسەت كۈلىنى لى شيۇفاڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تەلىپى بويىچە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا كۆمگەن… پەرۋىش ئىشلىرى ئۈچۈن، لى شيۇفاڭنىڭ ھېچقانداق ئۆكۈنۈشى يوق ئىدى.

لى شيۇفاڭ بىر ئۆمۈر تېجەشلىك ئۆتكەن. لېكىن ئۇ ئىلگىرى ھېچقانداق داۋراڭ سالماي 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خەلق پۇلى ئىئانە قىلىپ، يېتىم، مېيىپ بالىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا ياردەم بەرگەن؛ جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئۇ يەنە يىغقان نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇلنى ئىئانە قىلىپ، «ئەسكەرلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش مۇكاپات فوندى» تەسىس قىلغان.

خۇاڭخې دەرياسى ساھىلىدا، لى شيۇفاڭ ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ قەلبىدىكى مەڭگۈلۈك «چىراغ كۆتۈرۈۋالغان بۈيۈك ئايال»دۇر.

# جوۋ شىن: ھاياتى ئارقىلىق ئاممىنىڭ خاتىرجەملىكىنى قوغداش



يولداش جوۋ شىننىڭ ماتەم يىغىنى نەق مەيدانى (2009 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تارتىلغان).
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چۇڭچىڭ تېلېگراممىسى (مۇخبىر جوۋ ۋېنتاۋ) «قۇياش پاتتى، ئىسسىق قان كېچە ئاسماننى يېرىپ ئۆتتى. سەن كۆكرىكىڭنى چىڭ باسقان ھالدا، تاش تاختا يولدا، كۆركەم گۈل بولۇپ ئېچىلدىڭ…» 11 يىلدىن بۇيان، جاراڭلىق دېكلاماتسىيە ئاۋازى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چۇڭچىڭ شەھىرى فۇلىڭ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى دۇنرېن ساقچىخانىسىنىڭ 2 ـ قەۋىتىدىن ئاڭلىنىپ تۇردى، بۇ، ساقچىخانىغا كېلىپ خىزمەتكە قاتناشقان ھەربىر يېڭى ساقچى قوبۇل قىلىدىغان بىر قېتىملىق «يېڭى ساقچىلارغا جوۋ شىننىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەش» تەربىيە پائالىيىتى بولۇپ، باش تېمىسى جوۋ شىن ئىسىملىك سەپدىشىنى خاتىرىلەش ئىدى.

«ھەر قېتىم يېڭى كەلگەن خەلق ساقچىلىرىنىڭ ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان چىرايىنى كۆرگىنىمدە، جوۋ شىننىڭ كېلىشكەن، پاكىز چىرايى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ. ئۇلاردا ئوخشاشلا قەيسەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆز، ئوخشاشلا قىزغىن قەلب بار، يېڭى ساقچىلار ئەسلىگەندە، ياد ئەتكەندە، ھەر قېتىملىق ‹جوۋ شىننىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەش› تەربىيەسىدە ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئىرادىسى ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كېتىدۇ» دېدى دۇنرېن ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى رەن چىڭ.

جوۋ شىن 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا چۇڭچىڭ فۇلىڭدا تۇغۇلغان، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 2002 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا چۇڭچىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى فۇلىڭ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى دۇنرېن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ئىدى. ساقچى بولغان ئون يىلدا، ئۇ خەلق ساقچىسىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئامانلىق باشقۇرۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقنى قوغداش، بىر تەرەپنىڭ ئامانلىقنى قوغداش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر قېتىم شەخسي 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، بىر قېتىم مۇكاپاتلانغان، كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر مەمۇر بولۇپ باھالانغان.

2009 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەچتە، جوۋ شىن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىش يولىدا، بىر قارا نىيەتنىڭ پىچاق كۆتۈرۈپ قاتىللىق قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ئۇ نەق مەيداندىكى ئاممىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇچىغا چىققان ياۋۇز قارا نىيەت بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان، ئېغىر يارىلانغان ئەھۋالدىمۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغلاپ زەربە بەرگەن، يارىسى ئېغىر بولغاچقا، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئەمدىلا 30 ياشتا ئىدى.

جوۋ شىن قۇربان بولۇپ يېرىم سائەتتىن كېيىن، خەلق ساقچىلىرى ئۆيىدە قان ئىزىنى تازىلاۋاتقان گۇماندارنى تۇتقان ھەم دېلو سادىر قىلغان ئوۋ پىچىقىنى ئاختۇرۇپ تاپقان. ئەسلىدە، بۇ گۇماندار شۇ كۈنى ئاۋۋال بىر ئىشچىنى پىچاق تىقىپ يارىلاندۇرغان، يەنە ئۈچ يولۇچىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يارىلاندۇرغان، بۇ ئىش تاكى جوۋ شىن بايقىغانغا قەدەر داۋاملاشقان.

جوۋ شىن قۇربان بولغاندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇ ھايات ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان ساقچىخانىدا «يېڭى ساقچىلارغا جوۋ شىننىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەش» «پېشقەدەم ساقچىلار ساقچىخانىغا قايتىش» قاتارلىق پائالىيەتلەر داۋاملىق قانات يايدۇرۇلۇش ئارقىلىق، خەلق ساقچىلىرى قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى.

ھەيۋەتلىك ساقچى روھى، مەشئەل ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتى. دۇنرېن ساقچىخانىسىدىكى خەلق ساقچىلىرى قەھرىمانلىق روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «تۆت قەلب» بويىچە ساقچى ئىشلىرىنى تۇتقا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»نى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغان شەھەر ئىدارە قىلىش يېڭى ئەندىزىسى، يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر قېتىم كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، كۆپ قېتىم كوللېكتىپ 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى ھەمدە شەرەپ بىلەن چۇڭچىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىدىكى خەلقنى سۆيۈشتىكى ئۆلچەملەشكەن كوللېكتىپ قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

# كەسپ زەنجىرىدىكى «توسۇق نۇقتا»لارنى راۋانلاشتۇرۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، گۇاڭخۇي يېڭى ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئۈچ يۈرۈش VOCs قۇرۇلمىسىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈر قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، سەنشى يالېشى مۇھىت ئاسراش تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو خىمىيە قۇرۇلۇشى 14 ـ قۇرۇلۇش چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرى تەرتىپلىك قۇرۇلۇش قىلىۋاتاتتى. گۇاڭخۇي يېڭى ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى تېخنىكا مەركىزىنىڭ مۇدىرى سۈي تىڭجېك مۇنداق دېدى: «تۈردە 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ھازىر توپا ـ ياغاچ قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ 45%ى تاماملاندى». نۆۋەتتە، بۇ شىركەت مۇھىت ئاسراش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئېنېرگىيە ئۈنۈمىنى تېجەشكە چېتىلىدىغان 20 نەچچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە مۇھىت ئاسراش نۇقتىلىق تۈرىنىڭ ھەممىسىدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، 30دىن ئارتۇق لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ تېزدىن ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەندىزىسىگە كىرىشىگە تۈرتكە بولدى.

گۇاڭخۇي يېڭى ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىگە 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسى پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىدىكى بىرلەمچى كارخانا — ئاراتۈرۈك گۇاڭخۇي كانچىلىق چەكلىك شىركىتىدىمۇ ئوخشاشلا قايناق ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنىدى، ئاپتوموبىللارغا قاچىلانغان كۆمۈر يېڭى ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ گۇاڭخۇي كۆمۈرنى تازىلاش ـ ئايرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە توشۇلۇپ، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلىنىش ئارقىلىق، سۈپەتلىك كۆمۈر ۋە مېتىل ئالكوگول، ئاممونىي سۇلفات قاتارلىق باشقا خىمىيە سانائىتى خام ماتېرىيالىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. گۇاڭخۇي يېڭى ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ۋە گۇاڭخۇي كۆمۈر تازىلاش ـ ئايرىش شىركىتىنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، كۆمۈر يەنە گەنسۇ، سىچۈەن قاتارلىق جايلارغا يەتكۈزۈلۈپ، رايون سىرتىنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر ۋە تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

گۇاڭخۇي يېڭى ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ مەھسۇلات توشۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ گۇاڭخۇي خىمىيە سانائىتى سېتىش چەكلىك شىركىتى ئىككىلەمچى كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۈندىلىك مال چىقىرىش مىقدارىنى 200 ئاپتوموبىل ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇردى، شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئامباردىن نورمال چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ھەمكارلاشقان ئوندىن ئارتۇق ترانسپورت ئورنىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسى مۇدىرىيىتىنىڭ كاتىپى نى جوۋەن مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسى تەبىئىي گاز كەسپ بۆلىكىگە سىجىل كۈچەپ، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى بۆلىكىنى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆمۈر خىمىيە سانائىتى كەسپ زەنجىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئايلانما ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)